ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

يۆلەش سىياسىتى كۈچ بەردى ئارزۇنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

# ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىگىلىك تىكلەش يېڭى ماكانىنى ئاچتى

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

«ئالدىنقى ئايدا، بىز تەتقىق قىلىپ ياسىغان توكلۇق ئاپتوموبىللارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ماسلىشىدىغان توك بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلمىسى تۆرى دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى داشۆ ئوقۇغۇچىسى ئىگىلىك تىكلىگۈچى، ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسىنى مۇشۇ قاراردا پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى قەيسەرجان تايىر.

ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قاتار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يۆلەش سىياسىتىنىڭ قوللىشىدا، قەيسەرجانغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتىكى جەڭگىۋار قوشۇنىغا ئايلانماقتا، ئۇلار ياشلىق قىزغىنلىقى ۋە جاسارەت بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسىنى قوغلىشىۋاتىدۇ.

قەيسەرجاننىڭ مودېل ياساش تېخنىكىسىغا ئىنتىل كۈچلۈك قىزىقىشى بار ئىدى. داشۆگە چىققاندىن كېيىن، مۇئەللىمنىڭ ياردىمىدە ئۇ مەكتەپتىكى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىدا «ئارزۇغا ئىنتىلىش ئېلېكترون ئىشخانىسى» قۇردى. «مەكتەپ مەيدانىنى ھەقسىز تەمىنلىدى، سۇ، توك، پار، تور قاتارلىق خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلدى، يەنە بىزنى ئۈستەل ـ ئورۇندۇق، كومپيۇتېر قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ، بىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەش تەننەرخىمىزنى تېجەپ بەردى» دېدى قەيسەرجان.

سىياسەتنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، قەيسەرجاننىڭ ئىشخانىسى ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، «فېڭچېڭ 1 ـ نومۇرلۇق قۇياش ئېنېرگىيەلىك چۈۋۈشقا بولىدىغان ئوقۇتۇش كارتىڭ ئاپتوموبىلى» تۈرىنى ئىشلەپ، بۇ رايوندىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كۆرۈۋژك پائالىيىتىنى مودېل جابدۇقلىرى بىلەن تەمىنلىدى، داۋانچىڭ رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى يەنە ئۇنى 200 مىڭ يۈەن تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەبلىغى مەدەتتە بىلەن تەمىنلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مەشىق پىلانىنى سىجىل يولغا قويدى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت دەرىجىلىك تۈردىن 1518نى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈردىن 2290نى قوللىدى، 15 مىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى بۇ تۈرگە قاتناشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر كارخانا، ساھەلەر بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان داشۆ پەن ـ تېخنىكا باغچىسى، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ئىگىلىك تىكلەش باغچىسى، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسى ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار بازىسى 125، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئىجادكارلار بوشلۇقى 32 بولۇپ، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك «ئارزۇ لوڭقىسى» كەسپىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى، جەمئىي 354 تۈر مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى، 32 تۈر ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى، 13 تۈر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇيۇشتۇرغۇچى تەرەپنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىرگەن ئىگىلىك تىكلەش تۈرلىرى ئىگىلىك تىكلەش بازىسى تەرىپىدىن يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش تۈر ئامبىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن ھەم پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئاز سوممىلىق قەرز پۇلى ياكى پەرىشتە مەبلىغىگە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدىكەن.

«سىياسەتنىڭ قوللىشى بولغاچقا، مەن 10 مىڭ يۈەن ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى، 6000 يۈەن ئۆي ئىجارە ئېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى ھەمدە 3000 يۈەن ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدۇم، بۇ، جىددىي قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلدى» دېدى داشۆ ئوقۇغۇچىسى ئىگىلىك تىكلىگۈچى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بۇئىبر كۆرۈش سىزىمى كىنو ـ تېلېۋىزىيە مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى دىڭ شۇخۈي.

بۇ يىل، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرى ئالدىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى زورايتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى بىر قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن شىنجاڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە نامرات ئائىلىلەردىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەن، مۇقىم تىجارەت قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان ھەم تىجارەت ھالىتىنى ساقلىغانلىرىغا 10 مىڭ يۈەن بىر قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى، 6000 يۈەن بىر قېتىملىق ئۆي ئىجارە ئېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى بەردى ھەم قوبۇل قىلىپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن 1000 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5000 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك ئۆلچىمى بويىچە ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ياردەم تولۇقلىمىسى بەردى.

بۇ يىل، داشۆ ئوقۇغۇچىسى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون يەنە ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز سوممىسىنى ئۆستۈرۈپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەخسلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئىلتىماس قىلالايدىغان ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز سوممىسىنى 150 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈردى.

4 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون «يۇرتىغا قايتىپ، يېزىلارغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى چىقىرىپ، ئىشنى ئىگىلىك تىكلەش سىياسىتى جەھەتتىن قوللاشنى زورايتىش، تەربىيەلەش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىگىلىك تىكلەش ۋاستە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلاردىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ، يېزىلارغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللىدى.

كۈچ بېرىۋاتقان بۇ ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يۆلەش سىياسەتلىرى تېخىمۇ كۆپ داشۆ ئوقۇغۇچىسىغا كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى، تالانتىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 28 مىڭ 300 ئىگىلىك تىكلىگۈچى كۆپىيىپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 94.26%ى ئورۇندىلىپ، 47 مىڭ 900 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇنغان، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈنۈم ئېففېكتىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى يەنىمۇ نامايان بولغان.

«بىز ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسى، ئىگىلىك تىكلەش باغچە رايونى قۇرۇشنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىگىلىك تىكلەش ۋاستىسى بەرپا قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ داشۆ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى توشۇيدىغان «شوخلا ناملىق» ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى مەخسۇس نۆۋەتچى ئايروپىلانى قاتنىدى

# 300 توننىدىن ئارتۇق ئورگانىك شوخلا ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جىڭ لىجۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سائەت 13تىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، تۆت توننا يەنجى ئورگانىك شوخلىسى دۆلەت ئاۋىياتسىيەسى يولۇچىلار ئايروپىلانىغا بېسىلىپ، كورلا ئايرودرومدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، چېڭدۇ ئارقىلىق شاڭخەي، شيامېن، نەنجىڭدىن ئىبارەت ئۈچ جايغا يەتكۈزۈلدى. بۇ، بۇ يىل بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى توشۇيدىغان «بۇگۈر ئاق ئۆرۈكى ناملىق» ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى مەخسۇس نۆۋەتچى ئايروپىلانى قاتنىغاندىن كېيىنكى يەنە بىر مەھسۇلات تۈرىنىڭ مەخسۇس نۆۋەتچى ئايروپىلاندا توشۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭ يىخې ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يىخې شىركىتى دېيىلىدۇ)نىڭ ئورگانىك تېرىقچىلىق بازىسى ـــ يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى شياڭسىخۇ كۆلى بويىدىكى بەنمۇيۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا 500 مودىن ئارتۇق كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا تارقىلىپ، ئۈزۈش پەسلىگە كىرگەنىدى. بۇ قېتىم ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلغان تۆت توننا ئورگانىك شوخلىنىڭ ھەممىسى بەنمۇيۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، «بەنمۇيۈەن سۈپەتلىك ماركىسىدىكى ئورگانىك شوخلا ساغلام، بىخەتەر، پۇراقلىق، تەملىك بولۇپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى خېرىدارلارنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، بۇ يىل سودىگەرلەر كۆپ زاكاز قىلغاچقا، شوخلا ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى» دېدى يىخې شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ جۇڭجۈن.

ۋاڭ جۇڭجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل ئورگانىك شوخلا ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى ئارقىلىق ئاساسلىقى بېيجىڭ، شاڭخەي، شېنجېن، چېڭدۇ، نەنجىڭ، شيامېن قاتارلىق 20دىن ئارتۇق شەھەرگە توشۇلىدىغان بولۇپ، 300 توننىدىن ئارتۇق توشۇش مۆلچەرلەندى. نۆۋەتتە، ئىچكىرى رايونلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بازارلارغا توشۇلىدىغان ئورگانىك شوخلىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 35 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ پايدىسى ئادەتتىكى تېرىقچىلىقتىن 50%تىن ئارتۇق يۇقىرى بولدى. بەنمۇيۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى يەنە شۇ جايدىكى دېھقانلار ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، كىشى بېشى يىللىق ئىش ھەققىنى 36 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، شۇ جاينىڭ ئورگانىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئۆستۈرۈشنى ۋە بازاردا ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

بايىنغولىن ئوبلاستى يېشياڭ ترانسپورت ۋاكالەتچىلىك مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى جاڭ جىن مۇنداق تونۇشتۇردى: مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىلقى شوخلا سېتىش دەۋرىيلىك مەزگىلىدە، 800 توننىدىن ئارتۇق شوخلا ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلارغا سېتىلىدۇ. ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى مەخسۇس نۆۋەتچى ئايروپىلانى شوخلىنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بازارلارغا تېز سۈرئەتتە كىرىشتىكى ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ يېڭى بولۇش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىپ، قويۇق «بايىنغولىن پۇرىقى»غا تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بۇ يىل، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس نۆۋەتچى ئايروپىلان ئارقىلىق سىرتقا توشۇش پائالىيىتىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ ئۈچىنچى يىلى. بۇ تەدبىر بايىنغولىن ئوبلاستىنى ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلارغا تۇتاشتۇرىدىغان قولايلىق ھاۋا يولىنى ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلارغا كىرگۈزدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۆمۈريول پورتى سودا ئىشلىرى سودا رايونى، خەلقئارا تېز يوللانما مەركىزى قاتارلىق نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، 1 مىليارد 286 مىليون يۈەنلىك يىللىق سېلىنما ئورۇندالدى. كەسپلەرنى توپلاشتۇرۇش جەھەتتە، فۇنكسىيە بويىچە سودىگەر چاقىرىش، تۈر بويىچە سودىگەر چاقىرىش، كەسىپ زەنجىرى بويىچە سودىگەر چاقىرىش تەشكىللەپ يولغا قويۇلۇپ، تۈرلەرنىڭ كېڭىشىپ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى سىجىل ئىز قوغلاپ ئەگەشلىدى.

ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيە پورت رايونى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىغا يېقىن قوشنا بولۇپ، ئاۋىياتسىيە ئەشيا ئوبوروتى، ئايرودرۇم فۇنكسىيەلىك مۇلازىمەت كەسپى، يۇقىرى دەرىجىلىك ياسىمچىلىق كەسپى، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى يادرو قىلغان بوشلۇق كەسىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنى يادرو قىلغان، «شەرقىي تەرەپ كۈچلۈك بولغان، شىمالىي تەرەپكە سوزۇلغان، غەربىي تەرەپكە كېڭەيگەن، جەنۇبىي تەرەپ ئەلا بولغان» تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئىككى چوڭ ۋەزىپە چۆرىدىلىپ، ئاۋىياتسىيە پورت رايونى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. بىرىنچىدىن، ئۈرۈمچى ئايرودرۇمىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولۇندى. بۇ تۈردە 2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قۇرۇلۇش باشلانغان، 2023 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملىنىش پىلانلانغان، ھازىرغا قەدەر جەمئىي 16 مىليارد 911 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش ئورۇندالدى. ئىككىنچىدىن، ئايرودرۇم يادرو قىلىنىپ، يىپەك يولى ئاۋىياتسىيە پورت شەھەرچىسى كۈچەپ بەرپا قىلىندى. ئاۋىياتسىيە ئەشيا ئوبوروتى، ئاۋىياتسىيە رېمونتچىلىقى، ئاۋىياتسىيە بويىچە تەربىيەلەش ھەم بوشلۇق يۆنىلىشچانلىق كەسپلەر يۇغۇرما تەرەققىياتى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، بوشلۇق ئىقتىساد ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇندى.

كەسپلەرنى يۇغۇرۇش جەھەتتە، ئىككى رايون ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى، يۈك ئاپتوموبىلى ئاۋىياتسىيە ترانسپورت لىنىيەسى، تاشيول يۈك ترانسپورت كارخانىلىرى بايلىقىدىن بىرتۇتاش پىلانلاپ پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى توپلاپ بىرىكتۈرۈپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ئاۋىياتسىيە ـ قۇرۇقلۇق كۆپ خىل شەكىللىك ئۇلاپ توشۇش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى؛ ئاۋىياتسىيە غول لىنىيەسىنى يەر يۈزىدىكى ئايرىپ بۆلۈپ بېرىش كەسپى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەر يۈزى ئەشيا ئوبوروت مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەخسۇس ئۇلاپ توشۇش، يۆتكەپ توشۇش ئەسلىھە ـ جابدۇقلىرىنى سەپلەپ، تۈگۈن يىغىش ـ تارقاقلاشتۇرۇش ـ توشۇش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۈكلەرنى چۈۋۈش بىلەن قۇراشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاۋىياتسىيە ـ قۇرۇقلۇق ترانسپورتنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ قۇرۇقلۇق پورت رايونى بىلەن ئاۋىياتسىيە پورت رايونىنىڭ خەلقئارالاشقان فۇنكسىيە سۇپىسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، ئورتاق پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەۋزەللىك ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيە پورتىغا تايىنىپ، ئىستېمال قىلىنىدىغان سۇ ھايۋانلىرى بەلگىلەنگەن پورت قۇرۇشنى تېزلىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن يېمەكلىك، توقۇلما بۇيۇملار، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق خاس تاۋار سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت كارخانىلىرىنى تاموژنىغا تېز مەلۇم قىلىش، تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش، پورت ئەشيا ئوبوروتى، ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇش، پورت ئۇچۇر مۇلازىمىتى قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، خەلقئارالاشقان ئاۋىياتسىيە مال مەنبەسىنى توپلاش، تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە پورت سودىسىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە مەنبەسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، بىرمۇ ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، نۆۋەتتە يېقىندىن ئۇچراشقان 135 كىشىگە قارىتا مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش تەدبىرى قوللىنىلدى.

تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى دىققەتنى نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق ئورۇنلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قاتتىق باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش بويىچە ئېنىقلاشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئېنىقلاپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ يەنىمۇ تارقىلىشى، يامراپ كېتىشىنى قەتئىي توستى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر رۇي باۋلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىلىۋاتقان كىشىلەر بولغاچقا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ، كۆپچىلىك ئالاقىزادە بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار تەشۋىقاتنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىشقا يېتەكلەپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

رۇي باۋلىڭ كەڭ شەھەر ئاھالىلىرىگە مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: ئادەتتە سىرتقا چىققاندا چوقۇم ماسكا تاقاشنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى، توپلاشماسلىقى، بىخەتەر جەمئىيەت ئارىلىقنى ساقلىشى، ئۇچراشقاندا قول ئېلىشماسلىقى، ئاممىۋى ئەسلىھەلەر ۋە بۇيۇملارنى ئامال بار تۇتماسلىقى؛ تۇرمۇشتا قولنى پات ـ پات يۇيۇپ تۇرۇشى، دائىم ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى، شەخسىي مۇداپىئەلىنىش ۋە مۇھىت تازىلىقى، دېزىنفېكسىيەلەشنى ياخشى قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئاھالىلەر بەدىنىدە بىئاراملىق كۆرۈلسە، ۋاقتىدا مەھەللىگە مەلۇم قىلىشى، مۇداپىئەلىنىش تەلىپى بويىچە تېزدىن دوختۇرغا كۆرۈنۈشى، كېسەللىك ئەھۋالى ۋە تارقىلىشچان كېسەللىك تارىخىنى ئەينەن دوكلات قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى مەھەللە، ھەرقايسى ئايرىش نۇقتىلىرى قاتتىق باشقۇرۇپ، كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى قىلىپ، ئايرىش تەدبىرلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سوغۇققانلىق بىلەن قارىساق، بۇ مەيدان يۇقۇمغا قارشى كەسكىن جەڭدە، بىز ئاللىقاچان پۇختا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مېخانىزمى، قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى شەكىللەندۈردۇق، تۇرمۇش ۋە داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىمۇ يېتەرلىك كاپالەتكە ئىگە. بۇنىڭغا قارىتا، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا تامامەن ئىشەنچ تۇرغۇزسا بولىدۇ. ھەرقانداق ئالاقىزادىلىك كەيپىياتى، زىيادە ئىنكاستا بولۇشنىڭ ھېچقانداق ئىشقا پايدىسى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاۋارىچىلىك، توسالغۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

روھىي ھالەتتە تەمكىن بولايلى، لېكىن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە بىخۇدلاشساق بولمايدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا قارشى كۆرىشىمىز بىر مەيدان جاپالىق ھەم كەسكىن جەڭ. ھەرقانداق بىخۇدلۇق، بىپەرۋالىقنىڭ ھەممىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ بوششىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ۋىرۇسقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن چىشىمىزنى چىڭ چىشلەپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك.

جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەربىرىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز بار، قولنى پات ـ پات يۇيۇش، دائىم ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ماسكا تاقاش، توپلاشماسلىق قاتارلىق شەخسىي تازىلىق ۋە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق ساقلاشنىڭ ئۆزى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئەڭ كۈچلۈك مەدەت بەرگەنلىك ۋە تۆھپە قوشقانلىق.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**